يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

### يېشىل كەسىپ زەنجىرى كىرىمنى ئاشۇرۇش زەنجىرىگە ئايلاندى

# ياۋجەنزى كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرى «قەددى»نى رۇسلىدى

**5 ـ ئومۇمىي يىغىن روھى ئاساسىي قاتلامدا**

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز گې يوۋجۈن، ئىختىيارىي مۇخبىر ۋاڭ ۋېي

«كېلەر ئايدا كەنتتىكى ھەمكارلىق كوپېراتىپى پايدا ئايرىيدۇ، بۇ ئىشنى ئويلاپ كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلى ياپراپ كەتتى» دېدى 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن گوۋچۈڭ ناھىيەسى بەنجەگۇ بازىرى ياۋجەنزى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى خوۋ جۈڭ خۇشال ھالدا.

بۇ ئىككى يىلدا، خوۋ جۈڭ ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ 1900 مو يېرىنى يالغۇز باشقۇردى، ھەر ئايدا 6000 يۈەن مائاش ئالدى، بۇنىڭغا ئۆزىنىڭ يەر ئوبوروت ھەققى ۋە ھەمكارلىق كوپېراتىپى يىل ئاخىردا ئايرىغان پايدىنى قوشقاندا، ئۇنىڭ بۇلتۇر بىر يىللىق كىرىمى 170 مىڭ يۈەنگە يېقىنلاشتى، بۇ يىلقى كىرىمىنىڭمۇ بۇنىڭدىن ئاز بولمايدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى.

ئىلگىرى، ياۋجەنزى كەنتى ئەتراپتىكى كۆپ قىسىم كەنتلەرگە ئوخشاش بولۇپ، كەنت ئاھالىلىرى ئۆزىنىڭ يېرىنى ئۆز ئالدىغا تېرىيتتى، يىللىق كىرىمى چەكلىك ئىدى، كەنت كوللېكتىپى بەك نامراتلىشىپ كەتكەنىدى. 2009 ـ يىلى، ياۋجەنزى كەنتى كەنت پارتىيە باش ياچېيكىسى، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە فېڭيۈ يېزا ئىگىلىك مۇلازىمىتى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى قۇردى.

«بىز ‹كەنت پارتىيە ياچېيكىسى + ھەمكارلىق كوپېراتىپى + دېھقانلار ئائىلىسى›دىن ئىبارەت تىجارەت ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، كەنتنىڭ يېرىنى ئوبوروت قىلىپ بىرىكتۈرۈپ ‹بىر پارچە يەر›گە ئايلاندۇرۇپ، دېھقانچىلىقنى يېشىل ئۆلچەملەشتۈرۈش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدۇق. مۇشۇ ئاساستا، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتتۇق. يېشىل، ئورگانىك بۇغداي تېرىقچىلىقى، ئورگانىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش ھەم يېزا ـ كەنت ئېكولوگىيە ساياھەتچىلىكىنى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ‹ياۋجەنزى› سۈپەتلىك ماركىسىنىڭ نامىنى چىقاردۇق» دېدى ياۋجەنزى كەنتى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى تاڭ پېيكې تونۇشتۇرۇپ.

2019 ـ يىلى، ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 160 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئىشقا ئاشۇرغان پايدىسى 19 مىليون يۈەندىن ئاشتى. كوپېراتىپ ئەزالىرىغا پاي قوشۇشتىن تەقسىملەنگەن پايدا 4 مىليون 320 مىڭ يۈەن بولۇپ، ھەر ئائىلىگە تەقسىملەنگەن ئوتتۇرىچە پايدا 13 مىڭ يۈەنگە، پۈتۈن كەنتنىڭ كىشى بېشى ساپ كىرىمى 23 مىڭ 274 يۈەنگە يەتتى. بۇ يىل، ياۋجەنزى كەنتى «بىر پارچە يەر» كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى، ئوبوروت قىلىنغان يەر كۆلىمى 140 مىڭ موغا يەتتى، كەنت كوللېكتىپىنىڭ مۈلۈك جۇغلانمىسى 10 مىليون 393 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ياۋجەنزى كەنتى ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى تايانچ قىلىپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، يېشىل كەسىپ زەنجىرىنى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش زەنجىرىگە ئايلاندۇردى.

فېڭيۈ يېزا ئىگىلىك مۇلازىمىتى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ قولدا تەييارلىنىدىغان كەسمە چۆپ سېخىدا كەنت ئاھالىلىرى ھەر كۈنى ئالدىراش ئىشلەيدۇ.

12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت 6 دىن 25 مىنۇت ئۆتكەندە، كەنت ئاھالىسى ۋاڭ جياكۈي موتوسىكلىتىنى مىنىپ ئۆيىدىن چىقتى. بەش مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىتتا، ئۇ ئۆيىدىن تەخمىنەن بىر كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كەسمە چۆپ پىششىقلاش سېخىغا كېلىپ، بىر كۈنلۈك خىزمىتىنى باشلىدى. بۇ يەردە، خالتا ـ خالتا ئورگانىك ئۇن يۇغۇرۇش، بېسىش، ئېشىش، قۇرۇتۇش قاتارلىق 20 نەچچە ئىش تەرتىپى ئارقىلىق، نەپىس ئوراپ قاچىلانغان قولدا تەييارلانغان ئورگانىك كەسمە چۆپكە ئايلىنىپ، ئاخىردا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سېتىلىدۇ.

2017 ـ يىلى، ۋاڭ جياكۈي سىرتتا قولدا تەييارلىنىدىغان كەسمە چۆپ ياساش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ كەلگەندىن كېيىن، دېھقاندىن كەسىپ ئىشچىسىغا ئايلىنىپ، ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كەسمە چۆپ پىششىقلاش سېخىغا كىرىپ ئىشلىدى. ھازىر ئۇ سېخ مۇدىرى بولدى.

«ھازىر ئايلىق مۇقىم مائاشىم 6000 يۈەن، بۇنىڭدىن باشقا يەنە يەر ئوبوروت ھەققى ۋە ھەمكارلىق كوپېراتىپى ئايرىيدىغان پايدا بار، قولۇم پۇل كۆردى، بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈلدۇم» دېدى ۋاڭ جياكۈي.

2017 ـ يىلى، فېڭيۈ يېزا ئىگىلىك مۇلازىمىتى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى مەبلەغ سېلىپ شىنجاڭ فېڭيى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنى قۇرۇپ، ئاساسلىقى ئورگانىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، سېتىش بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ يىل شىركەت چېڭداۋدىكى بىر شىركەت بىلەن ھەمكارلاشتى، ئىككى تەرەپ 10 مىليون يۈەن پاي قوشۇپ، شىنجاڭ فېڭيى يېمەكلىك شىركىتىنى قۇردى، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن ھەر يىلى 1500 توننا ئورگانىك كەسمە چۆپ، 30 مىڭ توننا ئورگانىك ئۇن ۋە يېشىل ئۇن ئىشلەپچىقىرىدۇ.

ياۋجەنزى كەنتىدە تۈرلۈك كەسىپلەرنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، سالاھىيىتىدە ئۆزگىرىش بولغىنى يالغۇز ۋاڭ جياكۈيلا ئەمەس.

ياۋجەنزى كەنتىگە 20 كىلومېتىر كېلىدىغان گوۋچۈڭ ناھىيە بازىرىدا بىر «ياۋجەنزى لەڭمەنخانىسى» بار بولۇپ، خاسلىققا ئىگە ئورگانىك لەڭمەن ئېتىلگەچكە، لەڭمەنخانا ھەر كۈنى دېگۈدەك مېھمانلار بىلەن توشۇپ كېتىدۇ. لەڭمەنخانىدا قولدا تارتىلغان ئورگانىك لەڭمەن پىلتىسى، ئورگانىك ئۇن، ياغ قاتارلىق مەھسۇلاتلار قويۇلغان بولۇپ، ئۈستىگە «ياۋجەنزى» ماركىسى چاپلانغان.

لەڭمەنخانىنىڭ مەسئۇلى ۋاڭ دۇڭدۇڭمۇ مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ياۋجەنزى كەنتلىك، ئۇ مۇنداق دېدى: «ياخشى خورۇچ بولغاندىلا، مەززىلىك تائاملارنى ئەتكىلى بولىدۇ. دۇكىنىمىزدا ئىشلىتىلىدىغان ئورگانىك ئۇن، قىچا يېغىنىڭ ھەممىسى كەنتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان، لەڭمەنخانىمىز تىجارەت قىلىۋاتقان ئۈچ يىلدىن بۇيان سودىسى ئىزچىل ياخشى بولۇپ كەلدى».

شۇ كۈنى چۈشتە، ساياھەتچىلەر بىلەن لىق تولغان بىر ئاپتوبۇس ياۋجەنزى كەنتىگە كىردى. بۇ ئاپتوبۇستىكىلەر ئۈرۈمچىدىكى بىر شىركەتنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى بولۇپ، شىركەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى كەنتتە ئىتتىپاقلىشىپ بەرپا قىلىش پائالىيىتىگە تەشكىللىگەنىدى. ئاپتوبۇسنىڭ كېلىشىگە ئەگىشىپ، ياۋجەنزى كەنتىدىكى «پۇقراۋى قونالغۇ 1 ـ نومۇر» ئاشخانىسىدىكىلەر بىردىنلا ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

ياۋجەنزى كەنتى جامبۇلاق مەنزىرە رايونىغا 19 كىلومېتىرلا كېلىدىغان بولۇپ، گوۋچۈڭ ناھىيە بازىرىدىن مەنزىرە رايونىغا بېرىشتا چوقۇم ئۆتىدىغان جاي.

2019 ـ يىلى كەنت ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ باشلامچىلىقىدا شىنجاڭ فېڭيى مەدەنىيەت ـ ساياھەت تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى قۇرۇلدى. شىركەت 11 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ كەنت تارىخى سارىيى، ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش مەركىزى، مەززىلىك تائاملار مەيدانى، پۇقراۋى قونالغۇ قاتارلىقلارنى قۇردى، قۇرۇلغاندىن كېيىن ھەر كۈنى ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئىقتىدارى 1000 ئادەمگە يەتتى.

يېشىل، ئورگانىك بۇغدايدىن ئۇدا يۇقىرى ھوسۇل ئېلىندى، پىششىقلاش سېخىدا ئۇننىڭ خۇش ھىدى دىماققا ئۇرۇلدى، ئاشخانىلاردا مېھمانلار كۆپەيدى، پۇقراۋى قونالغۇلار راۋاج تاپتى. بۇغداي تېرىش، پىششىقلاش، سېتىشتىن يېمەك ـ ئىچمەك، يېزا ـ كەنت ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقىچە بولغان جەرياندا يېزا ئىگىلىك يېشىل كەسپى «ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كېلىپ»، ياۋجەنزى كەنتىنىڭ كوللېكتىپ ئىقتىسادى ئۈزلۈكسىز زورىيىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى مۇقىم ئاشتى.

«ياۋجەنزى كەنتى يېشىل كەسىپلەرنى ئاساس، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى يول قىلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ھاللىق سەۋىيەگە يەتكەن ئۈلگىلىك كەنت بەرپا قىلىپ، يېزا ئىگىلىكى كۈچلۈك، كەنت گۈزەل، دېھقانلار باي بولۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ» دېدى تاڭ پېيكې.

# ئىلى ئوبلاستى پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى تاماملىدى

**پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيلى**

**ئىختىيارىي مۇخبىر لى يافېڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 2021 ـ يىللىق پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى كۆپ تەرەپتىن كۈچەپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، تەرتىپلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئالغا سىلجىتتى، نۆۋەتتە مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق تاماملاندى.

ئىلى ئوبلاستى ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ «بىرىنچى قول» رەھبىرى ئۆزى تۇتىدىغان، تەشۋىقات تارماقلىرى كونكرېت يولغا قويىدىغان، تەشكىلات تارماقلىرى زور كۈچ بىلەن قوللايدىغان، مالىيە، پوچتا قاتارلىق تارماقلار زىچ ماسلىشىدىغان خىزمەت مېخانىزمى ئورناتتى. خىراجەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش، كونكرېت ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يېيىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، 2021 ـ يىللىق پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش تەشۋىقاتىنى پائال قانات يايدۇردى؛ پوچتا تارماقلىرى بىلەن بىرلىشىپ گېزىت ـ ژۇرنال تارقىتىش پونكىتى خادىملىرى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ھەر ھەپتىدە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى؛ پوچتا تىجارەت كۆزنىكى، يەتكۈزۈش قوشۇنى، ئولتۇراق رايون، كوچىلارغا تەشۋىقات لوزۇنكىسى ئېسىش قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، ئاممىنى پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىغا ئاكتىپ مۇشتەرى بولۇشقا يېتەكلەپ، پارتىيەنىڭ ساداسىنى «ئاددىي پۇقرالارنىڭ ئائىلىلىرىگە تېز كىرگۈزدى».

ئىلى ئوبلاستىدىكى ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر)لەر پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش، ياخشى تۇتۇشتا چىڭ تۇردى، ھەرقايسى پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىغا باشلامچىلىق بىلەن مۇشتەرى قوبۇل قىلىپ، مۇشتەرى بولۇش لايىھەسىنى تەپسىلىي تۈزۈپ، ۋاقتىدا مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ يېقىندىن، ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ مۇلازىمەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى تەشكىلاتلار، ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك مەكتەپلەرنىڭ پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى ھەم شەخسلەرنى پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشقا ئىلھاملاندۇردى؛ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە قوشماقلاشقان تۇغقانلىرىغا گېزىت سوۋغا قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى؛ پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت سارىيى، كۆرگەزمىخانا قاتارلىقلارغا كىرگۈزۈشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، «پارتىيە گېزىتىنى ئوقۇش، پارتىيە ژۇرنىلىنى ئۆگىنىش»تەك قويۇق كەيپىياتنى سىجىل ياراتتى.

12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىگىچە، ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق بارلىق جايلار «خەلق گېزىتى»گە 3121 پارچە مۇشتەرى قوبۇل قىلىپ، پىلاننى 110% ئورۇندىدى؛ «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىغا 2269 پارچە مۇشتەرى قوبۇل قىلىپ، پىلاننى 115% ئورۇندىدى؛ «شىنجاڭ گېزىتى»گە 14 مىڭ 196 پارچە مۇشتەرى قوبۇل قىلىپ، پىلاننى 100% ئورۇندىدى؛ «بۈگۈنكى شىنجاڭ» ژۇرنىلىغا 14 مىڭ 262 پارچە مۇشتەرى قوبۇل قىلىپ، پىلاننى 103% ئورۇندىدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چۈشتىن كېيىن سائەت 5تىن 15 مىنۇتلار ئەتراپىدا، ئۇنۋان ئۆستۈرۈش مۇراسىمى ھەيۋەتلىك دۆلەت شېئىرى ساداسى ئىچىدە باشلاندى. مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شۈ چىلياڭ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ئىمزالىغان شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى، قوراللىق ساقچى ئۇنۋانىغا ئۆستۈرۈش بۇيرۇقىنى ئوقۇدى. مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ يوۋشيا ئۇنۋان ئۆستۈرۈش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

بۇ قېتىم شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى، قوراللىق ساقچى ئۇنۋانىغا ئۆستۈرۈلگەن ھەربىي ئوفىتسېر، قوراللىق ساقچى ئوفىتسېرلىرى: ھەربىي كومىتېت ئارقا سەپ كاپالەت بۆلۈمىنىڭ جېڭۋېيى گو پۇشياۋ، غەربىي قىسىم ئۇرۇش رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى جاڭ شۇدۇڭ، ئىستراتېگىيەلىك ياردەمچى قىسىمنىڭ جېڭۋېيى لى ۋېي، قوراللىق ساقچى قىسىمنىڭ سىلىڭيۈەنى ۋاڭ چۈنىڭ.

شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى، قوراللىق ساقچى ئۇنۋانىغا ئۆستۈرۈلگەن تۆت ھەربىي ئوفىتسېر، قوراللىق ساقچى ئوفىتسېرى رەتلىك قىياپەتتە، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ھالدا رەئىس سەھنىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. شى جىنپىڭ ئۇلارغا بۇيرۇقنامە تارقىتىپ بەردى، ئۇلارنى تەبرىكلىدى. شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى، قوراللىق ساقچى ئۇنۋانى پاگونى تاقىغان تۆت ھەربىي ئوفىتسېر، قوراللىق ساقچى ئوفىتسېرى شى جىنپىڭغا سالام بەردى، مۇراسىمغا قاتناشقان بارلىق يولداشلارغا سالام بەردى، پۈتۈن مەيداندا قىزغىن ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى.

ئۇنۋان ئۆستۈرۈش مۇراسىمى ياڭراق ئارمىيە مارشى ساداسى ئىچىدە ئاخىرلاشتى. ئارقىدىن، شى جىنپىڭ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى، قوراللىق ساقچى ئۇنۋانىغا ئۆستۈرۈلگەن ھەربىي ئوفىتسېر، قوراللىق ساقچى ئوفىتسېرلىرى بىلەن بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشتى.

مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرىدىن ۋېي فېڭخې، لى زوچېڭ، مياۋ خۇا، جاڭ شېڭمىن ھەمدە ھەربىي كومىتېت ئورگىنىدىكى ھەرقايسى تارماقلار، بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق چوڭ ئورۇنلارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى قاتارلىقلار ئۇنۋان ئۆستۈرۈش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

---

(بېشى 2 ـ بەتتە)

ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىسلاھاتتا يېڭىلىق يارىتىشنى تېخىمۇ زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، بازار سۇبيېكتلىرى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. يېڭىلىق يارىتىشقا تايىنىپ ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ياسىمىچىلىقنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. دۆلەت ئىچى بازىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق قېزىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى يۆلىنىش قىلىپ ئىستېمال ۋە ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى كېڭەيتىپ، جەمئىيەت كاپىتالىنىڭ قاتنىشىشىنى قوللايدىغان مېخانىزم ۋە سىياسەتلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشى ئۇل ئەسلىھەلىرىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، يېڭىچە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش ۋە رايونلارنىڭ ماس تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتۇپ، يېزا ئىسلاھاتى ۋە يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. نۇقتىلىق ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇش كېرەك. بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەشنى كۈچەيتىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش كېرەك. ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنىڭ كۆپ خىل يول ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىنى سىجىل ياخشىلاش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا ئۇيغۇنلىشىش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتا جەزمەن پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى سىياسىي نەزەر بىلەن كۆزىتىش ۋە تەھلىل قىلىشقا ماھىر بولۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىقتىساد خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش ـ يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قېلىپلاشتۇرۇپ يولغا قويۇپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار كەسىپلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتا رەھبەرلىك قىلىدىغان كەسىپ ئەھلىلىرىگە ئايلىنىشى كېرەك. دەرس تولۇقلاش، ئېنېرگىيە تولۇقلاش تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، دەۋر ئېقىمىغا ئاڭلىق يېتىشىۋېلىش كېرەك. تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىشنى ياخشى تۇتۇپ، تۈرلۈك ئىقتىساد، جەمئىيەت خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىپ، تىزگىنلەپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئېغىر، پەۋقۇلئاددە زور ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش كېرەك. جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قانۇنغا خىلاپ تۈرلۈك جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش» خىزمىتىنى قىلچە بوشاشتۇرماي ياخشى تۇتۇپ، قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈپ، كۆلەملىك سىرتتىن كىرىش ۋە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ يۈز بەرمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. «ئىككى بايرام»لىق بازار تەمىناتىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق چاقىرىق قىلىندى: پۈتۈن پارتىيەدىكى يولداشلار يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۆرەش قىلىشى كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى ئالاقىدار رەھبىرىي يولداشلار، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىرى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشتىكى ئالاقىدار رەھبىرىي يولداشلار ھەمدە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرى قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر ۋە پىلانى ئايرىم شەھەرلەر، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەتتىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى، ئالاقىدار خەلق تەشكىلاتلىرى، مەركەز باشقۇرىدىغان قىسمەن پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ۋە كارخانىلار، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ئورگىنىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)